## 375425 ـ يەل مىلتىق بىلەن ئوق ئوۋلاشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سوئال

مەن بەك چەت بىر يېزىدا ياشايمەن، بۇ يەردە ھالال گۆشىمۇ يوق، شۇڭا ئۆچۈن ئوق ئوۋلاش قارارىغا كەلدىم، ئوق ئوۋلايمەن دەپ ئوق ئاۋازى بىلەن خوشنىلارنى راھەتسىز قىلىشنى خالىمايمەن، شۇڭا بىلەن بى بى ماركىلىق تاپانچا ياكى يەل مىلتىق ئىشلىتىشنى قارار قىلدىم، مەن بى بى ماركىلىق يەل مىلتىق بىلەن ئوق ئوۋلىسام توغرا بولامدۇ؟، چۈنكى يەل مىلتىقنىڭ ئوقى ئادەتتە بەك كۈچلۈك بولسىمۇ تىغلىق بولمايدۇ. مەن شۇنى بىلمەكچى: مەن تىغلىق ئوق ئىشلەتمەي، كۈچلۈك سوقىدىغان ئوق بىلەن ئوۋنى قوغلاپ ئاتسام، ئوق ئوقنىڭ تىغى بىلەن ئەمەس، ئوقنىڭ زەربىسىدىن ئۆلسە قانداق بولىدۇ؟، بىبى ماركىلىق يەل مىلتىقى ئادەتتىكى رەسمى ئوق سالىدىغان مىلتىقتەك كۈچلۈك ئەمەس، شۇڭا ئۆچۈن ئوۋنىڭ بېشىغا ئېتىش نىشان قىلىنىدۇ، ئوق ئېتىش مۇساپىسى ئوتتۇز ـ قىرىق مېتىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، يەل مىلتىق مۇتەخەسسىسلىرى بۇنىڭ ئوقى تۆلكىنى يىقىتالايدۇ دەيدۇ، مەن ئادەتتە ئىنساننى قانچىلىك مۇساپىدىن ئۆلتۈرەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئادەتتە يەل مىلتىق قۇچقاچ، قىرغاۋۇل، كەپتەر، توشقان قاتارلىق ئوۋلارنى ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئوق ئوۋلىسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئوق ئوۋلاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بىسلىق، ئوۋنى جاراھەتلەندۈرەلەيدىغان، كېسىش ۋە تېتىش بىلەن گۆشكە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئوق ئوۋلايدىغان يەل مىلتىقىدىن چىقىدىغان ئوقلار، ئوۋنىڭ بەدىنىنى تېشىپ جىسمىغا كىرىپ كېتىدۇ، شۇڭا بىلەن ئوق ھايۋىنى چىقىرايدۇ.

"پىقھى توپلاملىرى" 28-توم 133-بەتتە مۇنداق كەلگەن: "ئوق ئوۋلاش سايمانلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى مۇنداق ئىخچاملاشتۇرۇشقا بولىدۇ: بىرىنچى شەرت: ئۈسكۈنە بىسلىق بولۇشى، جاراھەتلەندۈرۈش، كېسىش ياكى تېشىپ ئۆتۈش ئارقىلىق گۆشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئوق ھايۋىنىنى بوغۇزلىمىسا ھالال بولمايدۇ.

بۇنىڭدا بىسىنىڭ تۆمۈردىن بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ، تۆمۈردىن بولسۇن ياكى ياغاچتىن بولسۇن ياكى ئۆچى ئىنچىكىلەنگەن

تاشتىن بولسۇن ياكى جىسىمغا كىرىدىغان ھەر قانداق ئوق ئوۋلايدىغان نەرسە بولسا بولىدۇ.

ئىككىنچى شەرت: ئوۋغا قورالىنىڭ بىسى تېگىپ جاراھەتلەندۈرگەن، جاھارەتنىڭ تەسرىدە ئۆلگەنلىكى ئېنىق بولغان بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا ئۇنى يېيىش ھالال بولمايدۇ. چۈنكى قورالنىڭ يان تەرىپى ياكى ئېغىرلىقى بىلەن ئۆلگەن بولسا، بۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىك دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿حُرِّمَتۡ عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَيۡتَةُ وَٱلدَّمُ وَلَحۡمُ ٱلۡخِنزِيرِ وَمَآ أُهِلَّ لِغَيۡرِ ٱللَّهِ بِهِۦ وَٱلۡمُنۡخَنِقَةُ وَٱلۡمَوۡقُوذَةُ﴾ تەرجىمىسى: «سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھتىن غەيرىينىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش ھارام قىلىندى». [سۈرە مائىدە 3-ئايەت].

ئەدىي ئىبنى ھاتىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مەن ئوۋغا بىسلىق كالتەكنى ئاتىمەن شۇنىڭ بىلەن ئوۋغا تېگىدۇ دېگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «بىسلىق كالتەكنى ئاتقان ۋاقتىڭدا بىسى تەككەن بولسا ئۇنى يېگىن، ئەمما توغرىلىقى تېگىپ ئۆلگەن بولسا ئۇنى يېمىگىن دېدى». [مۇسلىم رىۋايىتى].

بۇ ھەدىسنى يەنە بىر لەۋزىدە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئەدىيگە: «بىسلىق كالتەكنى بىسمىللاھ دەپ ئاتقاندا ئۇنى تېشىپ ئۆلتۈرگەن بولسا يېگىن، ئەگەر بىرەر يېرىنى تەشمىگەن بولسا يېمىگىن، كالتەك ئاتقان ياكى ئوق ئاتقان ئوۋلارنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن يېگىن» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كامالەك-رەگەتكە ئېتىشتىن چەكلەپ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن كامالەك بىلەن ئوق ئوۋلىغىلى ياكى دۈشمەنگە زەربە بەرگىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۇ چىشنى سۇندۇرىدۇ ۋە كۆزنى قۇيۇۋېتىدۇ» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس].

"پىقھى توپلاملىرى" 28-توم 135-بەتتە مىلتىق بىلەن ئوق ئوۋلاش توغرىسىدا مۇنداق كەلگەن: " ئەرەپچىدىكى "بۇندۇق" دېگەن سۆز بىر قانچە مەنالارغا ئىشلىتىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن:

-يەيدىغان مېۋە، لايدىن ياسىلىدىغان يۇمۇلاق نەرسە ياكى ئوۋغا ئاتىدىغان ئوق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇ يەردە ئوۋغا ئاتىدىغان ئوق مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئەمما لايدىن ياسالغان يۇمۇلاق نەرسىنى ئوۋغا ئېتىپ ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئوق ھايۋىنى ئۆلگەن بولسا، پىقھى ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىغا كۆرە، ئۇنى يېيىش ھالال بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھايۋان قورالنىڭ بىسى بىلەن ئۆلمەستىن بەلكى چالمىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئۆلگەن.

بۇجەيرۇمىي مۇنداق دەيدۇ: "ئىززىددىن ئىبنى ئابدۇسالام "زەخائىر" ناملىق ئەسەردە: ئوۋنى لايدىن ياسالغان چالما بىلەن

ئېتشنى هارام دەپ پەتىۋا بەرگەن. لېكىن ئىمام نەۋەۋىي: ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشنى دۇرۇس دەپ پەتىۋا بەرگەن. بەزى ئالىملار چالما ئاتقاندا كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆردەك دېگەندەك قۇشلار ئۆلمەيدۇ، ئەگەر قۇشقاچقا ئوخشاش جانۋار ئۆلسە ئۇنى يېيىش هارام بولىدۇ. ئەگەر چالما ئاتقاندا ئۇنىڭ كۈچى بىلەن ئۆلگەن ياكى بوينى ئۈزۈلگەن بولسا، ئۇنىمۇ يېيىش هارام بولىدۇ، مانا بۇ ئاساسلىق تەپسىلاتى.

مۇشۇنىڭ ھەممىسى لايدىن ياسالغان قاتتىق چالما ياكى بارۇدتىن ياسالغان ئوقنىڭ غەيرىدىكى ئوق توغرىسىدا. ئەمما تۆمۈردىن ياسالغان بارۇد بىلەن ئېتىلىدىغان ئوق توغرىسىدا پىقھى ئالىملىرى پەرقلىق قاراشتا بولغان، ھەنەپى ۋە شاپىئى مەزھەپ ئالىملىرى ئۇنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلغان.

مالىكى مەزھىپىدىكى دەردەرىي بۇنىڭ دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەمما ئوق بىلەن ئېتىلغان بولسا، ئۇنى يېگىلى بولىدۇ، چۈنكى ئوق باشقا قورالدىن كۈچلۈكتۇر، شۇنىڭدەك بەزىلەرمۇ بۇنىڭغا تايانغان، ئاندىن دۇسۇقىي بۇنى تەپسىلى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: سۆزنىڭ خۇلاسىسى: ئوق بىلەن ئېتىپ ئوۋ ئوۋلاش توغرىسىدا ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ ئېنىق قارشى يوق، ئوق ۋە بارۇد قاتارلىق نەرسىلەر ئون سەككىزىنچى ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن.

كېيىنكى ئالىملار بۇ توغرىدا پەرقلىق قاراشلاردا بولدى، بەزىسى بۇنى لايدىن ياسالغان ئوققا قىياس قىلىپ چەكلىدى، بەزىلەر بۇنىڭدا قان ئېقىتىش ۋە تېز ئۆلتۈرۈش بولغانلىقى ئۈچۈن دۇرۇس بولىدۇ چۈنكى بوغۇزلاشمۇ تېز ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان دەيدۇ، ئۇلارنىڭ بۇنى لايدىن ياسالغان ئوققا قىياس قىلىشى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا زور پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن توغرا ئەمەس، ئۇ بولسىمۇ تېشىپ ئۆتۈپ بەدەنگە كىرىش بۇ ئوقتا ئەمەلىيلىشىدۇ، ئەمما لايدىن ياسالغان ئوقتا بۇ تېپىلمايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىشى يانجىش ۋە سۇندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر". بۇ ھەقتە 121239 ـ نۇمۇرلۇق سۇئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن. ئۇنىڭدا ئوق بىلەن ئوۋلانغان نەرسىلەردىن هالال بولىدىغانلىرىنىڭ تەپسىلاتى بار.

ئوق ئاتىدىغان مىلتىق بولسۇن ياكى يەل مىلتىق بولسۇن كەپتەر ۋە توشقانغا ئوخشاش جانۋارلارنى ئوۋلىغىلى بولىدىكەن ئۇنىڭ ئارىسىدا هېچ پەرق يوق.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.